«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# ئايال پېرىخوننىڭ سۈپۈرگىسىدە قاتارلىشىپ ئولتۇرۇش



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# ئايال پېرىخوننىڭ سۈپۈرگىسىدە قاتارلىشىپ ئولتۇرۇش

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو - سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（C I P）数据

小不点儿. 女巫扫帚排排坐：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编；龙喜汇动漫公司绘；帕丽达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2015.12

ISBN 978-7-5469-7832-1

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 280891 号

策　　划：于文胜

责任编辑：迪娜·迪里木拉提

责任校对：迪力夏提·买买提

责任复审：茹鲜古丽·吐尔逊

责任决审：艾尼瓦·库迪力克

责任印制：刘伟煜

书　　名　小不点儿绘本丛书 —— 女巫扫帚排排坐（维吾尔文）

译　　者　帕丽达·买买提

出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）

　　　　　新疆电子音像出版社

地　　址　乌鲁木齐市沙依巴克区克拉玛依西街 1100 号（邮编 830091）

发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店

网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店

印　　刷　新疆新美大厦文化传媒有限责任公司

开　　本　889 mm × 1194 mm　1/16　　印　　张　2

版　　次　2015 年 12 月第 1 版　　印　　次　2017 年 12 月第 1 次印刷

书　　号　ISBN 978-7-5469-7832-1　　定　　价　10.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）

网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）



ئايال پېرىخوننىڭ بىر مۈشۈكى، ئۇچلۇق ھەم ئېگىز بۆكى بار بولۇپ، ئالتۇن رەڭلىك ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى ئارقىسىدا ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن.

ئۇ سۆيۈملۈك ۋە ئاق كۆڭۈل ئايال پېرىخون بولۇپ، ئۇنىڭ بىر توپ «قوشۇش»قا ماھىر دوستلىرى بار ئىكەن. بۇ ئايال پېرىخون كۆپچىلىكنىڭ دوستانىلىقى، رەھىمدىللىكى ۋە جاسارىتىنى قوشۇپ بىر ئالاھىدە سېھىرلىك سۆپۈرگە ياساپ چىقىپتۇ. قېنى سىزمۇ دەرھال ئۆزىڭىزنىڭ جاسارىتى ۋە رەھىمدىللىكىڭىز بىلەن، ئايال پېرىخوننىڭ سېھىرلىك سۆپۈرگىسىگە ئولتۇرۇپ پەرۋاز قىلىپ بېقىڭ!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئايال پېرىخوننىڭ بىر مۈشۈكى، ئۈچلۈق ھەم ئىگىز بۆكى بار بولۇپ، ئالتۇن رەڭلىك ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى ئارقىسىدا ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن. ئۇلار سېھىرلىك سۈپۈرگىگە ئولتۇرۇپ ئۇچقاندا، مۈشۈك خۇشاللىقىدىن توختىماي مىياڭلىسا، ئايال پېرىخوننىڭ خۇشاللىقتا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىدىكەن.

توساتتىن قاتتىق شامال چىقىپ، ئايال پېرىخوننىڭ ئۈچلۈق بۆكى ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ناھايىتى تىت - تىت بولۇپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ، مۈشۈكمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مىياڭلاپ سايتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قايتىپ چۈش!»، ئايال پېرىخون شۇنداق دەپ تووۋلاپتىكەن سېھىرلىك سۈپۈرگە دەرھال يەرگە قونۇپتۇ. ئۇلار ئىزدە ـ ئىزدە بۆكنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ.





پاكار دەرەخزارلىق ئارىسىدىن تۇيۇقسىز بىرنەرسە يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇ بىر ئالا كۈچۈك بولۇپ، ئايال پېرىخوننىڭ ھېلىقى ئۇزۇن بۆكنى چىشلىۋالغان ئىكەن.



ئالا كۆچۈك بۆكنى ئاۋايلاپ يەرگە قويۇپتۇ ۋە (ئايال پېرىخون دەرھال بۆكنى بېشىغا چىڭ كىيىۋاپتۇ): «مەن ئۆزۈم بىر ئالا كۆچۈك بولىمەن، ئەقىللىكلىكىمنى ھەممەيلەن ماختايدۇ.

ماڭا ئوخشاش بىر كۆچۈك، سۈپۈرگىڭىزگە سىغارمۇ؟» دەپتۇ.



«سىغىدۇ!» دەپتۇ ئايال پېرىخون.

ئالا كۆچۈك تېزدىن سۈپۈرگىگە يامىشىپ چىقىۋاپتۇ. ئايال پېرىخون سۈپۈرگىگە بوش بىرنى ئۇرۇپ قويۇپتىكەن، «ۋىڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇلار ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇلار ئورمانلىقتىن، شال ئېتىزلىقلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. كۆپچىلىك ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا شامالغا قارشى يۆلىنىشتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، ئالا كۈچۈك خۇشاللىقىدىن قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپتىكەن، ئايال پېرىخون قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بۆكنى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، بىراق بۇ قېتىم ئويلىمىغان يەردىن چېچىدىكى كىپىنەك لېنتا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.





تۇيۇقسىز چوڭ بىر تۇپ دەرەختىن قۇشقاچنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ ـ دە، ئارقىدىنلا بىر كۆكتارغاق ئۇچۇپ كەپتۇ، ئۇ ھېلىقى كېپىنەك لېنتىنى چىشلىۋالغان بولۇپ، كېپىنەك لېنتىنى ئاۋايلاپ يەرگە قويۇپتۇ ۋە پېرىخونغا چوڭقۇر تەزىم بىلەن (ئايال پېرىخون دەرھال كېپىنەك لېنتىنى چېچىغا تاقىۋاپتۇ):





«قايتىپ چۈش!»، ئايال پېرىخون شۇنداق دەپ ۋارقىراپتىكەن سېھىرلىك سۈپۈرگە يەرگە قونۇپتۇ. ئۇلار ئىزدە ـ ئىزدە كېپىنەك لېنتىنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ.

«مەن بىر كىچىك كۆكتارغاق، ياپىيېشىل پەيلىرىمنى ھەممەيلەن ماختىشىدۇ. ماڭا ئوخشاش بىر قۇش، سۇپۇرگىڭىزگە سىغارمۇ؟» دەپتۇ.





«سىغىدۇ!» دەپتۇ ئايال پېرىخون.

كۆكتارغاق دەرھال سۇپۇرگىگە چىقىۋاپتۇ. ئايال پېرىخون سۇپۇرگىگە بوش بىرنى ئۇرۇپ قويۇۋېتىپ «ۋىلىڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇلار ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇلار قومۇشلۇقتىن، دەريالاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يول بويى كۈلۈشۈپ مېڭىپتۇ، كۆكتارغاق خۇشاللىقىدىن توختىماي سايراپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپ - ئۇچۇپ ناھايىتى يىراق جايلارغا بېرىپتۇ. ئايال پېرىخون كېيىنەك لېنتىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، بىراق بۇ قېتىم ئۇنىڭ سېھىرلىك تايىقى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.



«قايتىپ چۈش!» ئايال پېرىخون شۇنداق دەپ ۋارقىراپتىكەن، سېھىرلىك سۈپۈرگە يەرگە قونۇپتۇ. ئۇلار ئىزدە - ئىزدە سېھىرلىك تاياقنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ.



www.uyghurkitap.com



تۇيۇقسىز كۆلچەكتىن بىر پاقا سەكرەپ چىقىپتۇ. قارىسا پاقىنىڭ قولىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن سېھىرلىك تاياق تۇرغىدەك. ئۇ سېھىرلىك تاياقنى ئاۋايلاپ يەرگە قويۇپ، ئەدەپ بىلەن (ئايال پېرىخون تېزدىن سېھىرلىك تاياقنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ.): «مەن بولسام بىر كىچىك پاقا، تازىلىقتا بەك ئەھمىيەت بېرىمەن، شۇڭا مېنى ھەممەيلەن ماختايدۇ. ماڭا ئوخشاش بىر پاقا سۈپۈرگىڭىزگە سىغارمۇ؟» دەپتۇ.

«سىغىدۇ!» دەپتۇ ئايال پېرىخون.

كىچىك پاقا دەرھال سۈپۈرگىگە يامىشىپ چىقىۋاپتۇ.

ئايال پېرىخون سۈپۈرگىگە بوش بىرنى ئۇرۇپ قويۇپتىكەن، «ۋىك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇلار ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار سازلىقتىن، تاغلاردىن ئۇچۇپ ئۆتكەنىكەن، پاقا خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ، بىراق تۇساتتىن...





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



قاراس ـ قۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن، سۆپۈرگە ئوتتۇردىن ئىككى پارچە بولۇپ سۇنۇپ كېتىپتۇ.

مۆشۈك، ئىت، پاقا ۋە سۆپۈرگىنىڭ بىر ئۇچى سازلىققا چۈشۈپ كېتىپتۇ.



بىراق ئايال پېرىخون سۆپۈرگىنىڭ يەنە بىر ئۇچى بىلەن بۇلۇتلار ئارىسىغا ئۇچۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. تۇيۇقسىز بۇلۇت ئارىسىدىن چىققان كۆچلۈك ئاۋازدىن قورقۇپ كەتكەن ئايال پېرىخونىنىڭ يۈرەكلىرى قىپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ...





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«مەن بىر ياۋۇز ئەجدىھا، مەن ئىنتايىن ۋەھشىي! مەن ئايال پېرىخوننى بەرەڭگە قەلەمچىسى بىلەن قوشۇپ يەۋېتىمەن!»

ئايال پېرىخون «چاتاق بولدى!» دەپلا تېخىمۇ ئېگىزگە ئۇچۇپتۇ. ياۋۇز ئەجدىھا ئايال پېرىخوننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۇنىڭغا ئاغزىدىن توختىماي ئوت پۈركۈپتۇ.

«قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار!» ئايال پېرىخون شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىچە يەر يۈزىگە ئۇچۇپ چۈشۈپ، ھەر تەرەپكە تەلمۈرۈپ قاراپتۇ.

قارىغاندا ئۇنى قۇتۇلدۇرىدىغانغا ھېچكىم يوق چېغى.



ياۋۇز ئەجدىھا ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلىشىپتۇ. ئۇ كالپۇكلىرىنى يالاپ، ۋەھشىيلەرچە كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەمدى ئايال پېرىخوننى بەرەڭگە قەلەمچىسنى قوشمايلا يېسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ!» دەپتۇ.


www.uyghurkitap.com

ياۋۇز ئەجدىھا بۇ مەززىلىك غىزانى ئەمدى يەي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز پاتقاقلىقتىن بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇق چىقىپ كەپتۇ. بۇ مەخلۇقنىڭ پۈتۈن بەدىنى شىلىمشىق بولۇپ، ھەم ئېگىز، ھەم قارا ئىكەن، بەدىنىدە تېرىمۇ، پەيلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئادەمنى چۆچۈتىدىغان تۆت دانە بېشى بار بولۇپ، قانتى خۇددى قۇشلارنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. ئاۋازى تۇرۇپ مۈشۈكنىڭكىگە، تۇرۇپ ئىتنىڭكىگە، تۇرۇپ پاقىنىڭكىگە، يەنە تېخى قۇشنىڭكىگىمۇ ئوخشايدىكەن، بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىغانلارنىڭ تېنى شۈركەنمەي قالمايدىكەن.

بۇ غەلىتە مەخلۇق پاتقاقلىقتىن چىقىپ پۈتۈن بەدىنىدىن لاي-لاتقىلارنى ئېقىتقان پېتى ئەجدىھانىڭ يېنىغا كېلىپ: «تېز يوقال! مېنىڭ ئايال پېرىخونىمغا چېقىلغۇچى بولما!» دەپ ۋارقىراپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇ ۋاقىتتا «غەلىتە مەخلۇق»نىڭ ئۈستىدىن بىر قۇش ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ، ئارقىدىن بىر پاقا سەكرەپ چۈشۈپتۇ، ئۇلارغا ئەگىشىپلا مۈشۈك بىلەن ئالا كۈچۈكمۇ سەكرەپ چۈشۈپتۇ.

«ۋاھ! رەھمەت! رەھمەت سىلەرگە!» دەپتۇ ئايال پېرىخون مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھاياجان بىلەن: «سىلەر بولمىغان بولساڭلار مەن ئاللىبۇرۇن ئۇ ياۋۇز ئەجدىھانىڭ بىر ۋاخلىق غىزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتىم.» دەپتۇ.

ياۋۇز ئەجدىھانىڭ قورققىنىدىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ: «كەچۈر، مەن خاتا قىپتىمەن، سەن بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، مەن ھازىرلا كېتەي، ھازىرلا كېتەي» دەپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.





www.uyghurkitap.com

ئـارقدىن ئـايال پـېرىخون ئـوت يـېقىپ قازان ئـېسىپتۇ ۋە ئـۇلارغا قـاراپ سـىرلىق كـۈلۈپ قـويۇپ: «ئـەمدى ھـەممىڭلار بېرىپ بىر خىلدىن نەرسە تـېپىپ كـېلىپ بۇ قـازانغا سـېلىڭلار» دەپتۇ.

قـۇشقاچ دەرەخ شـېخى تـېپىپ كـەپتۇ، مـۈشـۈك شـەمشاد غوزىكى تېپىپ كەپتۇ، ئالا كـۈچـۈك بـىر پـارچە سـۆڭەك تـېپىپ كەپتۇ، پاقا بولسا چوڭ بىر گۈلسامساق تېپىپ كەپتۇ.







كۋپچىلىك تىپىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى قازانغا سىلىپتۇ، ئايال پىرىخون بولسا، قازاندىكى نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرغاچ، ئاغزىدا توختىماي ئەپسۇن ئوقۇپتۇ:

«مانى مانى خۇن...»

شۇنىڭ بىلەن جاھاندا تاپماق تەس بولغان بىرنەرسە تەييار بوپتۇ...





www.uyghurkitap.com

ئۇ ئاز تېپىلىدىغان سېھىرلىك سۈپۈرگە بولۇپ، ئۈستىدە ئۈچ دانە ئورۇندۇق بار ئىكەن. ئەمدى ئۇنىڭدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئايال پېرىخون، بىر ئورۇندۇقتا مۈشۈك، يەنە بىر ئورۇندۇقتا بولسا ئالا كۈچۈك ئولتۇرالايدىغان بوپتۇ. ئۇ سۈپۈرگىگە يەنە پاقا ئۈچۈن بىر مۇنچا جۈمكى ئورنىتىلغان بولۇپ، يەنە تېخى قۇشقاچنىڭ راھەت بىر ئۇۋىسىمۇ بار ئىكەن.



«چىقىڭلار!» دەپتۇ ئايال پېرىخون. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن سۈپۈرگىگە چىقىپ قاتارلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئايال پېرىخون سۈپۈرگىگە بوش بىرنى ئۇرۇپ قويۇپتىكەن، «ۋىك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇلار يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版，2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۈ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلشات مەمەت

قايتا تەكشۈرگۈچى: روشەنگۈل تۇرسۇن
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۇ

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# ئايال پېرىخوننىڭ سۈپۈرگىسىدە قاتارلىشىپ ئولتۇرۇش

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى   شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى غەربىي قاراماي كوچىسى 1100 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830091
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنمېي سارىيى مەدەنىيەت تارانقۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1194 × 889 مىللىمېتىر، 1/16   باسما تاۋىقى: 2
نەشرى: 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى   بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 5469 – 7832 – 1   باھاسى: 10.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu–book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-5469-7832-1
9 787546 978321 >
定价：10.00元

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
WWW.dudu-book365.com